## 69912 ـ پاي چېكىنىڭ زاكىتى توغرىسىدا

**سۇئال**

شىركەتلەردىكى پاي چېكىنىڭ زاكىتى توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن بولساڭلار، پاي چېكىگە زاكات كېلەمدۇ؟، ئەگەر كەلسە، ئۇنىڭ مىقدارى قانچىلىك بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

پايچېكى دېگەن: ئۇ، پايچېكى شىركىتىنىڭ پايچېكىدىكى شېرىكىنىڭ ئۈلۈشىدۇر. شۇنىڭدەك، پايچېكى شېرىكىنىڭ تىجارەتتىكى ھەققىنى ئىسپاتلايدىغان ئىسپاتتۇر. "پايچېكى ۋە چەك" 47-بەت، ۋە "ئىقتىسادى ۋە سىتاتىستىكا ئاتالغۇلىرى مەجمۇئەسى" 775-بەتكە قارالسۇن.

پايچېكى دېگەن شىركەتنىڭ پايدىسىدىن چىققان مەلۇم بىر قىسىمدۇر، بۇ شىركەتنىڭ ئالىدىغان پايدىسىنىڭ زىيادە بولىشى بىلەن زىيادە بولىدۇ، كېمىيىشى بىلەن كېمىيدۇ، شىركەتنىڭ زىياندىن بولغان نېسىۋىسىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، چۈنكى پايچېكىنىڭ ئىگىسى بولسا شىركەتنىڭ پايچېكى مىقدارىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنىڭ ئىگىسىدۇر.

پايچېكىنىڭ قىممىتى: پايچېكىنىڭ قىممىتى تۆرلۈك شەكىلدە بولىدۇ:

1-قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى: شىركەتنى قۇرغاندا پايچېكى ئۈچۈن بېكىتىلگەن قىممەت بولۇپ، بۇ پايچېكى گۇۋانامىسىگە يېزىلىدۇ.

2-يازما قىممىتى: ئۇ شىركەت قەرزنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ۋە ئەسلى مۈلكىنى تارقىتىلغان پاي سانىغا تەقسىم قىلغاندىن كېيىنكى پايچېكىنىڭ قىممىتىدۇر.

3-پاينىڭ ئەمەلىي قىممىتى: ئۇ ئەگەر شىركەتنىڭ ھېسابى ئېنىقلانسا ۋە ئۇنىڭ مۈلكى پاي سانىغا كۆرە تەقسىم قىلىنسا، بۇ پاينىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغان مالىيە قىممىتىدىن ئىبارەتتۇر.

4-پاينىڭ بازاردىكى قىممىتى: بۇ پايچېكىنىڭ بازاردا سېتىلىدىغان قىممىتى بولۇپ، بۇ سېتىشقا چىقىرىش ۋە خېرىدارلارنىڭ تەلەپ قىلىشى ھالىتىگە كۆرە ئۆزگىرىدۇ.

پايچېكىمۇ ئىنسانلارنىڭ تىجارەتكە ۋاستە قىلىدىغان ئىلىم-سېتىم ئارقىلىق پايدىنى تەلەپ قىلىدىغان بەزى تاۋارلىرىغا ئوخشاش

كشىلەر ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ مۇئامىلە قىلىنىشىنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئىلگىرى 8590– نومۇرلۇق سوئالىنىڭ جاۋابىدا شىركەتلەر هارام قىلىنغان تىجارەتلەرنى قىلمىغان مۇددەتچە ئۇ شىركەتنىڭ پايچېكىنى ئېلىپ-سېتىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

شىركەت پايلىرىنىڭ زاكىتىنى قانداق ئايرىيدۇ؟.

شىركەتكە پاي قوشقانلارنىڭ بەزىسى پايچېكىنى پايدا ئېلىش مەقسىتى بىلەن تىجارەتكە ئىشلىتىدۇ، بەزىلەر ئۇنى تىجارەتكە ئىشلەتمەي، ئۇنىڭ پايدىسىدىن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان نەرسىگە قانائەت قىلىدۇ.

ئەمما بىرىنچى قىسمى: پايچېكى تىجارەت ماللىرى دەپ ئېتىبارغا ئېلىنسا، پايچېكى بازىرىدا ئېلىم-سېتىم قىلىنسا، ئۇنىڭ هۆكمى تىجارەت ماللىرىنىڭ هۆكمىدە بولىدۇ، ئۇنىڭ هەر يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قىممىتى هېسابى بويىچە زاكات ئايرىلىدۇ.

ئىككىنچى قىسمى: ئالىملار ۋە يېڭى دەۋرىدىكى تەتقىقاتچىلار بۇنىڭدا پەرقلىق قاراشتا بولدى، بۇ مەسىلىدە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىككى يۆلىنىشى بار:

بىرىنچى يۆلىنىش: شىركەتنىڭ پائالىيىتىگە قارىماستىن ئۇنى تىجارەت ماللىرى دەپ ئېتىبارغا ئېلىش.

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: "پايچېكىنىڭ ئىگىسىمۇ هەرقانداق تىجارەتچى ئۆزىنىڭ مېلىدىن پايدا ئالغاندەك پايدا ئالىدۇ، مۇشۇنى ئېتىبارغا ئېلىش بىلەن بۇ تىجارەت ماللىرىدىن هېساپلىنىدۇ.

بۇ سۆزنىڭ ئاساسى: هازىر زاكات كېلىدىغان سانائەت ئۈسكۈنىلىرى ۋە ماشىنىلىرىغا قۇرۇلغان، چۈنكى بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆسىدىغان مەبلەغ دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

بۇ مۇهەممەد ئەبۇ زۆهرە، ئابدۇراهمان ئىبنى هەسەن ۋە ئابدۇۋاهاپ خەللاپ قاتارلىق ئالىملارنىڭ سۆزىنىڭ قۇرۇلمىسىدۇر.

ئىككىنچى يۆلىنىش: بۇ پايچېكىگە هۆكۈم بېرىشتە: شىركەتنىڭ تارقاتقان پايچېكىنىڭ تۈرى بويىنچە ئايرىم هۆكۈم بېرىش كېرەك.

بۇ يېڭى دەۋرىدىكى كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇلار بەزى تەپسىلاتلار توغرىسىدا ئۆز ئارا ئىختىلاپ قىلىسىمۇ ئەمما يۇقىرىدىكى ئۇلارنىڭ ئورتاق قارىشىدۇر.

شىركەتنىڭ پايچېكىنى تۆت تۈرگە ئايرىش مۇمكىن بولىدۇ:

بىرىنچى: بوياق شىركەتلىرى، مېهمانخانا ۋە ترانسپورت شىركەتلىرى قاتارلىق تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانمايدىغان ساپ سانائەت شىركەتلىرى، بۇ شىركەتلەرنىڭ پېيىغا زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ، چۈنكى بۇ پايچېكىنىڭ قىممىتى ماشىنىلار،

ئۈسكىنىلەر، بىنالار، ئۇنىڭ سەرەمجانلىرى قاتارلىق سودىنى جانلاندۇرۇشنى شەكىللەندۈرىدىغان نەرسىلەرگە قويۇلغان بولۇپ، زاكات مۇشۇ پايچېكىدىن چىققان پايدىدا بولىدۇ، يەنى ئالغان پايدا زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يېتىپ ئۈستىگە بىر يىل توشقاندا بولىدۇ.

ئىككىنچى: ساپ تىجارەت شىركەتلىرى.

ئۈچىنچى: تىجارەت قىلىدىغان سانائەت شىركەتلىرى.

ئەمما ساپ تىجارەت شىركەتلىرى بۇ ئىمپورت ۋە ئېكسپورت شىركەتلىرىگە ۋە چەتئەلگە مال چېقىرىدىغان شىركەتلەرگە ئوخشاش يۆتكەش ئىشلىرىنى قىلماستىن تاۋارلارنى ساتىدۇ ۋە سېتىۋالىدۇ.

تىجارەت قىلىدىغان سانائەت شىركەتلىرى. ئۇ تىجارەت بىلەن سانائەت بىرگە جۇغلانغان شىركەتلەر بولۇپ، ئۇلار خام ماتېرىياللارنى چېقىرىدۇ ياكى خام ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىپ ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ئاندىن ساتىدۇ، بۇ نېپىت شىركىتى، توقۇمىچىلىق شىركەتلىرى تۆمۈر، ئالىيۇمىن شىركەتلىرى ۋە خىمىيىۋىلىك ماتېرىياللار شىركىتى قاتارلىقلار.

ساپ تىجارەت شىركەتلىرى ۋە تىجارەت قىلىدىغان سانائەت شىركەتلىرىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى تۈرلۈك شىركەتنىڭ شىركەت ئىگە بولغان ماشىنا، ئۈسكۈنىلەر، تۈرلۈك ئىشلەپ چىقىرىش سايمانلىرى، قۇرۇلۇش قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى چىقىرۋەتكەندىن كېيىنكى پايلىرىغا زاكات ۋاجىپ بولىدۇ.

ماشىنا، ئۈسكۈنىلەر، تۈرلۈك ئىشلەپ چىقىرىش سايمانلىرى، قۇرۇلۇشلارنىڭ ساپ قىممىتىنى شىركەتنىڭ ھەر يىلى ھېساپلايدىغان خامچوتىغا قاراش بىلەن بىلگىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى: زېمىنغا زىرائەت تېرىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېخانچىلىق-زىرائەت شېركەتلىرى.

بۇ شىركەت زىرائەت بىلەن مېۋىلەردىن ئېلىنغان مەھسۇلات زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە زاكات بېرىدۇ، زىرائەت ۋە مېۋىلەرنىڭ ھەر بىر ئۆلۈشىگە نېمە باراۋەر كېلىدىغانلىقىغا قارايدۇ، پايچېكىنىڭ ساھىبىغا ئۇنىڭ زاكىتىنى بېرىش كېرەك بولىدۇ، زىرائەتلەر قىيىنچىلىقسىز-چىقىمسىز سۇغۇرۇلغان بولسا، چىققان مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىرىنى بېرىدۇ، ئەمما زىرائەتنى چىقىم بىلەن، قىيىنچىلىق بىلەن سۇغارغان بولسا، يىگىرمىدىن بىرىنى بېرىدۇ، بۇنىڭ شەرتى پاي قوشقان كىشىنىڭ ئالىدىغان نېسىۋىسى 900 يۈز كىلۇ ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك.

بۇ يۆلىنىشنىڭ قۇرۇلمىسى: كىرىم قىلىدىغان زاۋۇت، بىنالار مېھمانخانا ۋە ماشىنىلارغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئۆزىگە زاكات كەلمەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن چىققان پايدا زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يېتىپ ئاندىن بىر يىل توشسا ئۇنىڭغا زاكات كېلىدۇ دېگەن قاراشقا ئاساسەن بولغان. بۇنىڭ تەپسىلاتى 74987 - نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بايان قىلىنغان.

ئىككىنچى قاراش توغرا قاراشتۇر، چۈنكى پايچېكى دېگەن شىركەتنىڭ بىر قىسمىدۇر، شىركەت تىجارەت ياكى زىرائەت ياكى سانائەت شىركىتى بولسۇن ئۇنىڭ ئۆچۈن زاكاتتا شىركەتنىڭ ھۆكمى بولىدۇ.

شەيخ ئابدۇراھمان ئىسا ئۆزىنىڭ "يېڭىدىن پەيدا بولغان مۇئامىلىلەر ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى" ناملىق كىتابىدا، شەيخ ئابدۇللاھ بەسسام ۋە د. ۋەھبەتۇز زۇھەيلى" پىقھى مۇجەممەسى ژورنىلىدا" (742/4 ) مۇشۇ قاراشقا بارغان.

شەيخ ئابدۇللاھ بەسسام تىجارەت شىركەتلىرى بىلەن سانائەت شىركەتلىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىغان، بۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارشىدۇر. "پىقھى مۇجەممەسى ژورنىلى" (742/1/4 ).

دىققەت: شۇنىڭغا دىققەت قىلىش زۆرۈركى: سانائەت شىركەتلىرى ياكى زىرائەت شىركەتلىرىنىڭ خەزىنىلىرى نەخ مالدىن يەنى پۇلدىن خالى بولمايدۇ، بۇ ماللارغا زاكاتنىڭ ۋاجىپ بولىشىدا ھېچ مەسىلە يوق، مۇشۇ نەخ پۇلدىن ھەر بىر پايچېكنىڭ باراۋېردىكى مىقدارى بېكىتىلىندۇ، ئەگەر بۇنىڭ ئۆزى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە ياكى بۇ ساھىبىنىڭ يېنىدىكى باشقا ماللار بىلەن قېتىلىپ زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە ساھىبى بۇنىڭ زاكىتىنى بېرىدۇ. د. ئەلى ساۋسىمۇ شۇنداق دېگەن "پىقھى مۇجەممەسى ژورنىلى" (849/1/4 ).

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھمۇ بۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ مۇنداق دېگەن: "ئىنسان تىجارەت ئۈچۈن پايچېكى سېتىۋالسا، يەنى بۇگۈن ئېلىپ ئەتىسى پايدا چىقسا ساتسا، ئۇ كىشىگە ھەر يىلى بۇ چەكنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ئالغان پايدىنىڭ زاكىتىنى بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ.

ئەمما بۇ پايچېكنىڭ ئۆستۈرۈش ۋە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئالغان بولسا، سېتىشنى مەقسەت قىلمىسا بۇنىڭغا قارىلىدۇ، ئۇ ئالتۇن، كۈمۈش، قەغەز پۇل قاتارلىق نەرسىلەر بولسا، ئۇنىڭ زاكىتىنى بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ، چۈنكى ئالتۇن، كۈمۈش، قەغەز پۇل قاتارلىق نەخ ماللارنىڭ ئۆزىگە زاكات بېرىلىدۇ، ھەرقانداق ھالەتتە ئۇنىڭ زاكىتى بېرىلىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا شىركەتنىڭ مالىيە مەسئۇللىرىدىن ئۆزىنىڭ خەزىنىدىكى ماللىرىدىن بارمۇ بۇنى سورايدۇ، ئەگەر خەزىنىدە ئالتۇن، كۈمۈش ۋە نەخ پۇل قاتارلىق نەرسىلەر بولمىسا باشقا نەرسىلەرگە زاكات كەلمەيدۇ، ھەقىقەتەن زاكات ئۇنىڭدىن چىققان پايدا زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يېتىپ ئۇنىڭغا بىر يىل توشقاندا ئاندىن زاكات كېلىدۇ". "ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 18-توم 199-بەت.

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات، دىنى تەشۋىقات پەتىۋا كومىتېتى ئۆلىمالىرىدىن: بىز شىركەت ئۈچۈن پايچېكى سېتىۋېلىشقا پاي قوشقان ئىدۇق، بىلىشىمىزچە، بۇ شىركەتلەرنىڭ بەزىسى: بىزگە پايدىنى تەقسىم قىلىشتىن بۇرۇن مالدىن شەرئى زاكاتنى ئايرىۋېتىدۇ، بەزى شىركەتلەر شەرئى زاكاتنى ھېساپلىمايدۇ، زاكات ئاساسلىق مەبلەغكە كېلەمدۇ ياكى بۇ شىركەتلەرنىڭ پايدىسىغا كېلەمدۇ؟ بىلىشىمىزچە: مەبلەغ سېلىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

ئا_پەقەت پايدىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، پايچېكنى سېتىشنى مەقسەت قىلمايدۇ.

ب_ يەنە بىرى: پايچېكنى تىجارەت ماللىرىغا ئوخشاش سېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ دەپ سورىغاندا، ئۇلار مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: "سېتىش ئۈچۈن تەييارقىلغان پايچېكنىگە ۋە ئۇنىڭدىن ئالغان پايدىغا ھەر يىلى زاكات كېلىدۇ، ئەگەر شىركەت پايچەك ئىگىلىرىنىڭ رۇخسىتى بىلەن زاكاتنى چىقارغان بولسا ئۇ كۇپايە قىلىدۇ، ئەمما پەقەت كۆپەيتىشنى مەقسەت قىلغان پايچېكىدە، ئۇنىڭدىن چىققان پايدىغا يىل توشقاندىن كېيىن زاكات كېلىدۇ، ئەگەر سەرمايە نەخ پۇل بولىدىكەن ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭغان ئالغان پايدىغا زاكات كېلىدۇ. ["دائىمى كومىتېت پەتىۋاسى" 9-توم 341-بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: " بەزى تىجارەت ئورۇنلىرى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ پۇلىنى ئۆي_زېمىن ۋە باشقا تۈرلەرگە سەرپ قىلىدۇ، مەبلەغ سېلىنغان ئىقتىساد بىر قانچە يىل بۇ شىركەتنىڭ قولىدا قالىدۇ، بۇ مەبلەغنىڭ زاكىتى قانداق ئادا قىلىنىدۇ؟، ۋاقتى كەلگەندە، شىركەت ئىگىلىرى مۇشۇ ماللارنىڭ ھەممىسىنىڭ زاكىتىنى ئايرىسا توغرا بولامدۇ؟، ئاندىن زاكاتقا ئايرىغان بۇ پۇللارنى مەبلەغ سالغۇچىنىڭ سەرمايىسىنىڭ ئۆزىدىن ياكى ئۇنىڭدىن چىققان پايدىنى تەقسىم قىلىشتىن ئىلگىرى تۇتۇپ قالسا بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بىرىپ مۇنداق دېگەن: " تىجارەتكە سالغان مەبلەغكە ھەر يىلى زاكات بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ، چۈنكى ئۇ تىجارەت ماللىرىنىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ، ھەر يىلى زاكات ۋاجىپ بولىدىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ قىممىتى باھالىنىپ، ئۇنىڭ قىممىتى ئەسلى سېتىۋالغان قىممەتكە ئوخشاش بولسۇن ياكى زىيادە بولسۇن ياكى كەم بولسۇن ئۇنىڭدىن قىرىقتىن بىرنى يەنى 2.5 پىرسەن زاكات ئايرىلىدۇ.

ئەمما شىركەت ئىگىلىرىنىڭ بۇ مەبلەغنىڭ زاكىتىنى ئايرىپ قويۇشىغا كەلسەك: ئەگەر مەبلەغ سالغۇچىلار شىركەتنى بۇنىڭغا ۋەكىل قىلغان بولسا بولىدۇ، زاكاتنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بويىنچە بېكىتىدۇ، ئەگەر زاكاتنى ئايرىشقا ۋەكىل قىلمىغان بولسا، زاكاتنى چىقارمايدۇ، لېكىن ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ پايچېكىنىڭ زاكىتىنى ئۆزى چىقىرىشى ئۈچۈن شىركەت مەسئۇللىرى مەبلەغ سالغۇچىلارغا پايچېكىنىڭ زاكات ۋاجىپ بولغان ۋاقىتتىكى قىممىتى بىلدۈرىدۇ، ياكى ئۇلار شىركەتنى زاكاتنى چىقىرىشقا ۋەكىل قىلىدۇ، ئۇلار مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ بەزىسى ۋەكىل قىلىپ، بەزىسى ۋەكىل قىلمىسا، شىركەت ۋەكىل قىلغانلارنىڭ ماللىرىنىڭ زاكىتىنى چىقىرىدۇ، ۋەكىل قىلمىغانلارنىڭكىنى چىقارمايدۇ.

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى: زاكاتنى چىقارسا، ئۇنى ئەسلى سەرمايىدىن ياكى ئۇنىڭدىن چىققان پايدىدىن تۇتۇپ قالىدۇ". ["ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 18-توم 217-بەت].

مۇشۇ سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى: تىجارەت شىركەتلىرىنىڭ پايچېكى ۋە شۇنداقلا ساھىبى تىجارەت قىلىش ۋە پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلغان پايچېكنىگە ئۇنىڭ ئەسلى قىممىتىگە ۋە ئالغان پايدىسىغا زاكات ۋاجىپ بولىدۇ.

سانائەت شىركەتلىرىنىڭ ئالغان پايدىسى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە ۋە بۇنىڭغا بىر يىل توشسا ئۇنىڭغا زاكات بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ، شىركەتنىڭ پايچېكىگە، شىركەت خەزىنىسىدىكى نەخ پۇلنىڭ باراۋېرىدىكى پايچېكىگە زاكات بېرىلىدۇ.

زىرائەت ـ دېخانچىلىق شىركەتلىرىدە زىرائەتتىن ۋە مېۋىدىن پايچىكىنىڭ باراۋىرىدىكى نەرسىگە زاكات كېلىدۇ. بۇنىڭ شەرتى: زاكات ۋاجىپ بولىدىغان تۈرلەر مەبلەغىنىڭ ھېسسىسىدىن زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يېتىدىغان بولىشى كېرەك، ئۇ بولسىمۇ 900 كىلۇ ئەتراپىدا بولىدۇ، شىركەتنىڭ خەزىنىسىدىكى نەخ پۇلدىن پايچىكىنىڭ باراۋىرىدىكى مىقدارغا زاكات ۋاجىپ بولىدۇ.

زاكات مەبلەغ سېلىنغان شىركەتكە ۋاجىپ بولامدۇ ياكى مەبلەغ سالغۇچىغىمۇ؟.

بەزى تەتقىقاتچىلار پايچىكىنىڭ زاكىتى شىركەتكە ۋاجىپ بولىدۇ دەيدۇ، ئۇلارنىڭ دەلىلى: مەبلەغ سېلىنغان شىركەت بولسا مۇستەقىل شەخسى شىركەت، بۇ مالنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، زاكات دېگەن مالغا ئالاقىدار تەكلىپ بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭدا بالاغەتكە يەتكەن بولۇش ۋە ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا بولۇش شەرت قىلىنمايدۇ دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىمىز: شىركەت گەرچە شەخسى بولسىمۇ، بۇ شەخسى زاكاتىنىڭ ئۇنىڭغا ۋاجىپ بولىشىغا يارىمايدۇ، چۈنكى زاكاتىنىڭ ۋاجىپ بولۇش شەرتلىرىدىن: مۇسۇلمان بولۇش، ئەركىن بولۇش ،،، قاتارلىق شەرتلەر بولۇپ، شىركەت بۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنمەيدۇ.

ئاندىن شىركەتنىڭ مالغا بولغان ئىگىدارچىلىقى بولسا مەبلەغ سالغۇچىلارغا ۋاكالەتەن بولىدۇ، مالنىڭ ئەسلى ئىگىسى شىركەت ئەمەس بەلكى مەبلەغ سالغۇچىدۇر.

ئۇلارنى شىركەتنى چارۋا ماللارغا ئورتاق بولغۇچىلارغا قىياس قىلىپ، زاكات چارۋا ماللاردا مالنىڭ ھەممىسىگە ۋاجىپ بولىدۇ، ھەر بىر شېرىكنىڭ مېلىغا ئايرىم ـ ئايرىم ۋاجىپ بولمايدۇ دەيدۇ.

ئۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىمىز: جۇغلانغان ماللارغا زاكاتىنىڭ ۋاجىپ بولىشىدا ئۇنىڭ مەنىسى مال ئەمەس، شىركەتكە ۋاجىپ بولىشىدا شىركەتنى شەخسى دەپ ئېتىبارغا ئېلىشتۇر، بۇنىڭ مەنىسى شىركەتنىڭ مېلىنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە قېتىشتۇر، زاكاتىنىڭ ھېسابى ھەر بىر كىشىنىڭ مېلىغا بولغانغا ئوخشاش.

كۆپچىلىك ئالىملار ۋە تەتقىقاتچىلار زاكات مەبلەغ سالغۇچىغا ۋاجىپ بولىدۇ دېگەن قاراشتا بولدى، بۇ توغرا قاراشتۇر. چۈنكى مەبلەغ سالغۇچى دېگەن مالنىڭ ھەقىقى ئىگىسىدۇر، شىركەت شىركەت نىزامنامىسىدە بايان قىلىنغان شەرتلەرگە كۆرە، مەبلەغ ساھىبىغا ۋاكالەتەن پايچىكىدە تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر.

چۈنكى زاكات دېگەن ئادا قىلىدىغان ۋاقىتتا نىيەتكە ئېھتىياجلىق بولىدىغان ئىبادەتتۇر، ئادا قىلغۇچىغا ساۋاپ بېرىلىدۇ، ئادا قىلمىغۇچى جازالىنىدۇ، مەبلەغ سېلىنغان شىركەتتە بۇ ئىشلار تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ.

پايچىكىنىڭ زاكىتىنى شىركەت بېرەمدۇ ياكى پايچىكىنىڭ ئىگىسىمۇ؟ دېيىلسە:

ئەسلىدە پايچىكىنىڭ زاكىتىنى پايچىكىنىڭ ئىگىسى ئۆزى بېرىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ ئىگىسى، زاكاتنى ئايرىش ئۇنىڭغا بۇيرۇلغان،

لېكىن شىركەت پايچېكى ئىگىلىرىگە ۋاكالەتەن زاكاتنى ئايرىۋەتسە بولىدۇ، "ئىسلام پىقھى مەجمۇئەسى" مەبلەغ سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ تۆت تۈرلۈك ھالەتتە پايچېكنىڭ زاكىتىنى ئايرىۋەتسە بولىدىغانلىقىنى زىكىر قىلدى:

شىركەتنىڭ ئاساسلىق نىزامنامىسىدە بۇ يېزىلغان ياكى ئومۇمى جەمئىيەت تەرەپتىن مۇشۇنداق قارار چىقىرىلغان ياكى دۆلەت قانۇنىدا شىركەتنىڭ زاكاتنى چىقىرىشىنى بېكىتكەن ياكى پايچېكى ئىگىسى ئۆزىنىڭ پايچېكنىڭ زاكىتىنى چىقىرىشنى شىركەتكە تاپشۇرغان بولسا ئۇ ۋاقىتتا شىركەتنىڭ زاكاتنى چىقىرىشى چەكلەنمەيدۇ". "پىقھى مۇجەممەسى ژورنىلى" (881/1/4 ).

پايچېكنىڭ زاكىتىنىڭ مىقدارى:

شىركەتنىڭ پايچېكنىڭ زاكىتىنىڭ مىقدارى 2،5 پىرسەن بولىدۇ، بۇنىڭ ئىگىسى بۇنىڭ بىلەن تىجارەتنى مەقسەت قىلغان بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن چىقىدىغان يىللىق پايدا بىلەن قانائەت قىلغان بولسۇن ئوخشاش، چۈنكى ئۇ تىجارەت مەقسىتى بىلەن بولسا، تىجارەت ماللىرىنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ، تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى قىرىقتىن بىر يەنى 2،5 پىرسەن بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭدىن چىقىدىغان يىللىق پايدا بىلەن قانائەت قىلىدىغان بولسا، بۇ ئىجارىگە قويۇلغان زېمىنغا ئوخشاش بولىدۇ، زېمىنىنىڭ ئىجارىسىدىن ئېلىنىدىغان زاكاتمۇ قىرىقتىن بىر، 2،5 پىرسەن بولىدۇ.

پايچېكى ئۆچۈن يىلنىڭ ھېسابى قاچان باشلىنىدۇ؟.

تىجارەت شىركەتلىرىدىكى پايچېكى ياكى ئىگىسى ئۇنىڭدا تىجارەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان پايچېكى، ئۇنىڭدىن چىققان پايدا يىل ئارىسىدا ئەسلىدىكى مەبلەغكە ئەگىشىدۇ، چۈنكى تىجارەتنىڭ پايدىسىغا يېڭىدىن يىل ھېساپلانمايدۇ، بەلكى ئەسلى مەبلەغ زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن بولسا، ئۇنىڭ يىلى ئەسلى مەبلەغنىڭ يىلىدۇر. ["ئەلمۇغنى" 4-توم 75-بەت].

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، تىجارەت ماللىرى ئالتۇن، كۈمۈش ۋە نەخ پۇلغا سېتىۋېلىنغان بولسا، ئۇنى سېتىۋالغاندىن باشلاپ يېڭى يىل باشلانمايدۇ، مالنى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكۈدەك پۇلغا سېتىۋالغان بولسا شۇ پۇلنىڭ يىلىغا قۇرۇلىدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: شۇنى بىلىش كېرەككى، تىجارەت ماللىرىنىڭ يىلى ئۇنى سېتىۋالغاندىن كېيىن باشلانمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ يىلى ئەسلى مالنىڭ يىلىدۇر، چۈنكى ئۇ سىزنىڭ ئەسلى مېلىڭىزدىن تىجارەت ماللىرىغا ئايلاندۇرغان پارچە پۇللاردۇر، ئۇنىڭ يىلى ئەسلى مالنىڭ يىلىدۇ". ["شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 18-توم 234-بەت].

تىجارەتنى مەقسەت قىلماي بەلكى يىللىق پايدا بىلەن قانائەت قىلىدىغان سانائەت شىركەتلىرىنىڭ پايچەكلىرىدە، زاكات ئۇنىڭدىن ئالغان پايدىغا كېلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن: ئالغان پايدا زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يېتىشى ۋە بۇنىڭغا بىر يىل ئۆتىشى كېرەك بولىدۇ، ياكى ئۇنى ئۆزىنىڭ يېنىدا بار بولغان باشقا نەخ پۇللارغا قېتىش ئارقىلىق زاكىتىنى بېرىش كېرەك بولىدۇ، يىلنى پايدىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقىتتىن باشلايدۇ. ئىسلام پىقھى مەجمۇئەسىنىڭ قارارىمۇ شۇنداق. شەيخ ئابدۇللاھ بەسسام. "پىقھى

مۇجەممەسى ژورنىلى" (772/1/4 ).

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى: زىرائەت شىركىتىنىڭ پايچەكلىرىدە، زاكات ۋاجىپ بولىدىغان زىرائەت ۋە مېۋىلەردە بارلىق ئالىملارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن زاكاتنىڭ ۋاجىپ بولىشى ئۈچۈن يىلنىڭ ئۆتىشى شەرت قىلىنمايدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَآتُوا حَقَّهُ يَوْمَ حَصَادِهِ تەرجىمىسى: «مېۋە (نىڭ ھوسۇلى) نى يىغقان كۈندە (يەنى يىغقان ۋاقىتتا)، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار، » [سۈرە ئەنئام 141-ئايەت]. "پىقھى مۇجەممەسى"23-توم 281-بەت.

ھەر بىر مەھسۇلاتنىڭ زاكىتى ئايرىم بېكىتىلىدۇ.

زاكات ئايرىش ئۈچۈن پايچېكنىڭ قىممىتى قانداق ھېساپلىنىدۇ؟.

زاكات ۋاجىپ بولىدىغان پايچېكلىرى بولسا (ئىگىسى ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان ياكى تىجارەت شىركەتلىرىنىڭ پايچېكلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ) يىل ئاخىرىدا ئۇنىڭ بازاردىكى قىممىتى بويىنچە ھېساپلاپ زاكىتىنى ئايرىدۇ.

چۈنكى بۇ پايچەكلىرى بولسا تىجارەت ماللىرىنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، تىجارەت ماللىرىنىڭ قىممىتى يىل ئاخىرىدا باھالىنىدۇ، ئاندىن مۇشۇ قىممەت بويۇنچە ھېساپلاپ زاكىتىنى بېرىدۇ، پايچېكنىڭ ئەسلى پۇتۇلگەن قىممىتىگە قارىمايدۇ.

ئەمما زاكات كەلمەيدىغان پايچەكلىرى بولسا، (ئۇ سانائەت شىركەتلىرىنىڭ پايچەكلىرى بولۇپ) يىل ئاخىرىدا ئۇنىڭ باھاسىنى تۇرغۇزۇش كېرەك بولمايدۇ، چۈنكى بۇنىڭدا زاكات پايچېكنىڭ ئەمەس بەلكى ئۇنىڭدىن ئالغان پايدىغا كېلىدۇ. شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: پايچېكنىڭ زاكىتى پايچېكنىڭ ئەسلى قىممىتىگە بولامدۇ ياكى ھازىرقى بازاردىكى قىممىتىگە بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "پايچېكىگە ۋە تىجارەت ماللىرىغا زاكات ئايرىشتا، زاكاتنىڭ ھازىرقى بازاردىكى قىممىتىگە كۆرە بولىدۇ، ئەسلىدە پايچېكنى مىڭ رىيالغا سېتىۋالغان بولۇپ، ھازىر بازاردا ئىككى مىڭ رىيال بولسا، ئىككى مىڭ رىيال قىممىتىگە زاكات بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ، چۈنكى بىر نەرسىنىڭ سېتىۋالغان ۋاقتىدىكى قىممىتى ئەمەس بەلكى زاكات بېرىدىغان ۋاقىتتىكى قىممىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ". ["ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 18-توم 197-بەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.